شىنجاڭ گېزىتى





# مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى (2)

## ماۋ زېمىن: تېز پۈككەيدىغان «قىزىل ئائىلە باشقۇرغۇچى»



**شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى (مۇخبىر شۈەي سەي)** قىش كۈنلىرىدىكى شاۋشەنچۇڭدا ساياھەتچىلەر مىغ - مىغ ئىدى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسلى تۇرالغۇسىغا كىرگىنىمدە، ساياھەتچىلەر چۈشەندۈرگۈچىنىڭ ئەينى يىلى ماۋ زېدۇڭ ئاشخانىدىكى مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، چوڭ ئىنىسى ماۋ زېمىن، كىچىك ئىنىسى ماۋ زېتەن ھەمدە نەۋرە سىڭلىسى ماۋ زېجيەنگە ئىنقىلاب داۋلىسىنى سۆزلىگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتاتتى. شاۋشەندە ماۋ زېمىن قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ھېكايىسى كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

ماۋ زېمىن 1896 - يىلى تۇغۇلغان، خۇنەن شياڭتەن شاۋشەندىن. 1921 - يىلى ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، ناھايىتى تېزلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1925 - يىلى 2 - ئايدا ئاكىسى ماۋ زېدۇڭغا ئەگىشىپ شياڭتەن، شياڭشياڭغا بېرىپ، دېھقانلار ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان، شۇ يىلى 9 - ئايدا گۇاڭجوۋ دېھقانلار ھەرىكىتى كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇغان. ئارقىدىن، ماۋ زېمىن شاڭخەي، ۋۇخەن، تيەنجىن قاتارلىق جايلاردا يۆتكىلىپ يۈرۈپ، پارتىيەنىڭ مەخپىي خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

1931 - يىلىنىڭ بېشىدا، ماۋ زېمىن مەركىزىي ئىنقىلابىي تايانچ بازىغا كىرىپ، فۇجيەن - گۇاڭدۇڭ - جياڭشى ھەربىي رايونى ئىقتىساد بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1931 - يىلى ماۋ زېمىن جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمىتى بانكىسىنىڭ بانكا باشلىقى بولغان، ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۇل مۇئامىلە ئىختىساسلىقلىرى ئىنتايىن كەمچىل بولۇش، تەييارلىق فوندى بولماسلىق، سوۋېت رايونىدا كۆپ خىل پۇل قالايمىقان ئوبوروت قىلىنىش قاتارلىق قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان.

1933 - يىلى 5 - ئايدا، ماۋ زېمىن قوشۇمچە فۇجيەن - جياڭشى ئۆلكىسى سوۋېت ھۆكۈمىتى مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولغان، 1934 - يىلى 9 - ئايدا قوشۇمچە دۆلەت تاشقى سودا باش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى بولۇپ، سوۋېت رايونىنىڭ بانكا، مالىيە، سودا، زاۋۇت - كان قاتارلىق ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغان. 1934 - يىلى 10 - ئايدا، قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولغان،

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

## دۇ جۇڭيۈەن: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش — بىز ئەۋلادلارنىڭ مەسئۇلىيىتى



**شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى (مۇخبىر جوۋ لىچۈەن)** جىلىن ئۆلكىسىنىڭ گۇڭجۇلىڭ شەھىرى ھازىر جىلىن ئۆلكىسى بىۋاستە باشقۇرىدىغان ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر، بۇ جاينىڭ بىر قەدەر بۇرۇنقى ئىسمى خۇەيدې ناھىيەسى ئىدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى داڭلىق ۋەتەنپەرۋەر زات دۇ جۇڭيۈەن دەل مۇشۇ جايدا تۇغۇلغان. قان ھىدى ھەممە جاينى قاپلىغان ئاشۇ دەۋردە، دۇ جۇڭيۈەن مەيلى شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو ياكى يىراق غەربىي شىمالدىكى شىنجاڭدا بولسۇن، ھەممىلا يەردە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەر ياققا بېرىپ چاقىرىق قىلغان.

دۇ جۇڭيۈەننىڭ ئەسلى ئىسمى دۇ جيەنشۈ بولۇپ، 1898 - يىلى تۇغۇلغان. 1911 - يىلى شېنياڭ ئۆلكىلىك ئىككى دەرىجىلىك سىفەن قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەن ۋاقتى دەل يۈەن شىكەي ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتاپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن مەزگىلگە توغرا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىلار ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، ۋەزىپە مۇشكۈل، يول يىراق دېگەن مەنىدە ئىسمىنى جۇڭيۈەن دەپ ئۆزگەرتكەن.

1917 - يىلى دۇ جۇڭيۈەن ياپونىيەگە بېرىپ ئوقۇپ، دۇڭجىڭ ئالىي سانائەت مەكتىپىگە كىرىپ ساپالچىلىقنى ئۆگەنگەن. «21 ماددىلىق بېتىم»گە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، 1922 - يىلى ئۇ دۇڭجىڭدا ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ جاھانگىرلىككە قارشى كۈچ كۆرسىتىش نامايىشى قىلغان، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى سۈپىتىدە دۆلەتكە قايتىپ، شىمال مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ تەلەپنامە سۇنغان.

1923 - يىلى دۇ جۇڭيۈەن دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، فېڭتيەن (ھازىرقى شېنياڭ)دە شەرقىي شىمالدىكى تۇنجى ساپالچىلىق زاۋۇتى — جاۋشىن ساپالچىلىق شىركىتىنى قۇرغان. 1927 - يىلى فېڭتيەن باش سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقى بولغان. ئارقىدىن،

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

## ۋۇ ماۋلىن: سەممىي - ساداقەت بىلەن پارتىيەگە قەتئىي ئەگىشىپ مېڭىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لياڭ جيەنچياڭ)** ئىنقىلابىي قۇربان ۋۇ ماۋلىن يۇرتى بىلەن بولغان ئارىلىقى 3000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا. ھەر يىلى چىڭمىڭدا، ھەمىشە ناھايىتى كۆپ كىشى داڭقىنى ئاڭلاپ قەبرىستانلىققا كېلىپ قەبرە يوقلاپ - سۈپۈرۈپ، بۇ ئىنقىلابىي قۇربانىنى ياد ئېتىدۇ.

ۋۇ ماۋلىن، ئەسلى ئىسمى ۋۇ تىڭجيەن بولۇپ، 1914 - يىلى تۇغۇلغان، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شيەنىڭ شەھىرى شيەنئەن رايونىدىن. 1931 - يىلى كۈزدە، ئۇ خۇبېي خۇاڭئەن (ھازىرقى خۇڭئەن)دە جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسىگە قاتناشقان، 1934 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

ۋۇ ماۋلىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ رازۋېدكىچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ قىزىل 4 - يۆنىلىش ئارمىيەسىگە ئەگىشىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ سىچۈەنگە كىرىپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. سەپەردە ئۇ تۆت قېتىم يارىلانغان، لېكىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۈچلۈك ئىرادە بىلەن ئۆلۈم تەھدىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان، قىزىل ئارمىيەگە ئەگىشىپ ئۇزۇن سەپەر قىلىپ شىمالىي شەنشىگە يېتىپ بارغاندا، شەرقىي شىمال ئارمىيەسىگە بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن، ئۇ شەرقىي شىمال ئارمىيەسىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر بىلەن كەڭ دائىرىدە دوستلىشىپ، شەرقىي شىمال ئارمىيەسىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى «يۇرتنى قايتۇرۇۋېلىش»قا رىغبەتلەندۈرۈپ، شەرقىي شىمال ئارمىيەسىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆپلەپ خىزمەت ئىشلىگەن.

شىئەن ۋەقەسى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ۋۇ ماۋلىن يەنئەنگە قايتىپ كېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي سىياسىي داشۆ،

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

## چياۋ گوجېن: يەتتە قېتىم قولغا ئېلىنغان ئىشچى - دېھقانلار ھەرىكىتى قەھرىمانى



**شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى خاۋ)** «ئاچام تۈرمىدە تۇغۇلغان، مەن ئۆمرۈمدە دادامنى بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان، بىردىنبىر تاپشۇرۇۋالغان دادامنىڭ تەۋەررۈكى — ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا تۈرمىدىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن بىر كىچىك قايچا ئىدى. بىز كىچىكمىزدىن ئاپام سۆزلەپ بەرگەن دادامنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ئاڭلاپ، تۇرمۇش ۋە خىزمەتتىمۇ ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويدۇق، مەن ۋە ئاچام دادامنىڭ ئىنقىلاب ئەسلى مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بىر ئۆمۈر خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولدۇق» دېدى ئىنقىلابىي قۇربان چياۋ گوجېننىڭ ئوغلى چياۋ شى، پەرزەنتلىرىگە تەربىيە بەرگەندە، ئۇ ئىزچىل ھالدا دادىسىنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى ئۇنىڭدا ئىزچىللاشتۇردى.

چياۋ گوجېن، ئەسلى ئىسمى چياۋ رۇجېن بولۇپ، 1907 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ جياشيەن ناھىيەسى دېيەنجېن بازىرى چياۋجياجەي كەنتىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1924 - يىلى سۈيدې ئۆلكىلىك 4 - سىفەن مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن، شۇ يىلى قىشتا جۇڭگو سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، ئۇزاق ئۆتمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزالىقىغا ئايلانغان.

1926 - يىلى چياۋ گوجېن گۇاڭجوۋغا بېرىپ دېھقانلار ھەرىكىتى كۇرسىنىڭ 6 - قارارىدا ئوقۇغان، شەنشىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋېيبېي رايونىغا دېھقانلار ھەرىكىتى خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن. ئۇ يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ، كەمبەغەللەردىن ھال سوراپ، دېھقانلارنىڭ دېھقانلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، دېھقانلار ھەرىكىتىنى سەنچىن تۈپرىقىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرغان. دېھقانلار ئۇنى يېقىملىق قىلىپ «دېھقانلار ھەرىكىتى شاھى» «ياخشى ئىش قىلىدىغان ئاقساقال چياۋ گولاۋ» دەپ ئاتىغان.

1927 - يىلى 6 - ئايدا، چياۋ گوجېن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان، كېيىن پارتىيە تەشكىلاتى تەرىپىدىن تۈرمىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىلغان. شۇ يىلى 12 - ئايدا، خۇاشيەن ناھىيەسىنىڭ گاۋتاڭ

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

## دېڭ فا: ئىشچىلار قوشۇنىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىنقىلابچى



**شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى (مۇخبىر جوۋ زىياڭ)** گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يۈنفۇ شەھەر رايونى يۈنچېڭ كوچىسى چېڭشى تەنشتاڭ كەنتىدە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان بىر پۇقرالار تۇرالغۇسى بار. ھەر يىلى چىڭمىڭ ۋە 1 - ئىيۇلنىڭ ئالدى - كەينىدە، كىشىلەر بەس - بەستە بۇ يەرگە كېلىپ تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئىلگىرى بۇ يەردە 14 يىل تۇرغان ئىنقىلابىي قۇربان دېڭ فانى خاتىرىلەيدۇ. دېڭ فانىڭ ئەسلى تۇرالغۇسىغا يېقىن جايدا، يەنە دېڭ فا باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە دېڭ فا خاتىرە ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلغان.

دېڭ فا، ئەسلى ئىسمى دېڭ يۈەنجاۋ، باشقا ئىسمى جيەنجاۋ، 1906 - يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يۈنفۇ ناھىيەسى (ھازىرقى يۈنفۇ شەھىرى)دە بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تۆۋەن دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئائىلىسى نامرات بولغاچقا ئوقۇشتىن قالغان، 14 يېشىدا گۇاڭجوۋ، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان. 1921 - يىلى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شياڭگاڭ تەيگۇدىكى دوك ۋە ئەنگلىيەنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي پاراخوتىدا ئىشچى بولغان ھەم شياڭگاڭ ماتروسلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان. ماتروس ئىشچىلىرىنىڭ داھىيسى سۇ جاۋجېڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇ ئىنقىلاب ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىشقا باشلاپ، ئىشچىلار ھەرىكىتىگە ئاتلانغان.

1922 - يىلى، دېڭ فا شياڭگاڭ ماتروسلىرىنىڭ چوڭ ئىش تاشلىشىغا قاتناشقان، 1925 - يىلى گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ چوڭ ئىش تاشلىشىغا قاتنىشىپ، ئىشچىلار تەرتىپ ساقلاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولغان، شۇ يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. كېيىن شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1927 - يىلى ئەتىيازدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى گۇاڭدۇڭ سىلقىلاش مىيى كەسپى باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. شۇ يىلى 12 - ئايدا گۇاڭجوۋ قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، 5 - رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولۇپ، سىلقىلاش مىيى ئىشچىلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا قوماندانلىق قىلغان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، گۇاڭجوۋ، شياڭگاڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە قوراللىق كۈرەش بىلەن شۇغۇللانغان،

(ئاخىرى 7 - بەتتە)

